**ئۇيغۇر سوت كوللىگىيەسى -شاھىت گۇۋاھلىق ئىسپاتى**

**UTFW2-022-ئادىل ئالىم**

**<u>ئەر، 36 ياش</u>**

1. مېنىڭ ئىسمىم ئادىل ئالىم. مەن 1985-يىلى 7-ئاينىڭ 23- كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تەڭرىتاغ رايونىدا تۇغۇلغان ، ھازىر ئامېرىكىدا تۇرىمەن. مەن 2009-يىلى شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتىتى ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسى تەشكىللىگەن تىنچ نامايىشنى پىلانلىغاندا ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقاندا ، خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.
نامايىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋگۇەن شەھىرىدە يۈز بەرگەن «ئويۇنچۇق زاۋۇتى ۋەقەسى» سەۋەبىدىن بولۇپ ، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زاۋۇت ئىشچىلىرى خەن خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.
نامايىشنىڭ مەقسىتى خىتاي دائىرىلىرىدىن شاۋ گۇەن ۋەقەسىنى تەكشۈرۈپ ، ئادالەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش ئىدى.

2. 7-ئاينىڭ 5-كۈنىدىكى نامايىشتىن ئىلگىرى ، 6-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 7-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە ، گۇرۇپپىمىز بىر قانچە قېتىم شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەردىن نامايىشقا رۇخسەت ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ ، ھۆكۈمەتتىن شاۋ گۇەندىكى پاجىئە توغرىسىدا ئوچۇق بايانات ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق. نامايىش ھەققىدە يەرلىك ۋە مەركىزى ھۆكۈمەتلەرگە ئالدىن خەۋەر قىلىندى. ئەمما، ئۇلار بىزنىڭ تەلىپىمىزگە جاۋاب قايتۇرمىدى.

3. مەن 2009-يىلى شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئىدىم. 2009-يىلى يازدا ، شاۋ گۇەن ۋەقەسىنىڭ بەزى سىنلىرى توردا ھەمبەھىرلەندى. فاكۇلتېتىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلار كەڭ كۆلەملىك قاتىللىقنىڭ بىر قانچە تور فىلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن ، باشقا ئۇنۋېرسىتېتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ ، تىنچ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شاۋ گۇەندىكى جىنايەتكە ئىنكاس بىلدۈرمىگەنلىكىگە نارازىلىقىمىزنى بىلدۈرمەكچى بولدۇق.

4. نامايىشنى تەشكىللىگۈچىلەر بىر قانچە گۇرۇپپىغا ئايرىلدى. گۇرۇپپا ئا تىنچ نامايىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەسئۇل بولدى. تەلەپ شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنمىدى ۋە ئىجازەتنامە بېرىلمىدى. گۇرۇپپا ب خەلقئارالىق تاراتقۇلار بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە ئۈرۈمچىدىكى يەرشارى خەلقئارا مېھمانخانىسىدىن مۇخبىرلارنى ئىزدەشكە مەسئۇل بولدى. ئەمما، قاراۋۇللار ھېچكىمنىڭ مېھمانخانىغا كىرىشى ۋە چىقىشىغا يول قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ھەرىكىتىمىزگە دىققەت قىلىشىنى مەقسەت قىلىپ ، ئىجتىمائىي تاراتقۇ ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق نامايىش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشنى قارار قىلدۇق. 6-ئاينىڭ 29-كۈنى، بىر كېۇ گۇرۇپپىسى 5-ئىيۇلدىكى نامايىشقا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ئۇچۇرلارنى ئۇيغۇرتور بەتلىرىدە ئېلان قىلدى. گۇرۇپپا س تەشۋىقات ئېلانى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ، ئۇلار نەنمېن يەر ئاستى

بازىرىغا باردى. ئەمما، ئۇلار ھېچ نەرسە سېتىۋالالمىدى ، چۈنكى ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ھۆججەت ئېلان قىلىپ ، «ھېچقانداق دۇكاننىڭ ھۆكۈمەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق كىشىگە لوزۇنكا ياساپ بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ» دەپ بىلدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، بىز لوزۇنكىلارنى ئۆزىمىز ياسىدۇق. نامايىشنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى توردا كەڭ تارقالغانلىقتىن ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۈرۈمچىگە نامايىشقا قاتنىشىشقا كەلدى.

5. نامايىش 5-ئىيۇل ، ئۈرۈمچى ۋاقتى چۈشتىن كېيىن سائەت 4:30 ئەتراپىدا باشلاندى. پىلان ئۈچ يۆنىلىش (جەنۇبى قوۋۇق، يەن-ئەن يولى، چوڭ غەربىي قوۋۇق) تىن ئۈرۈمچىدىكى خەلق مەيدانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىش ئىدى. پىلانغا ئاساسەن ، بىز باشقا گۇرۇپپىدىكىلەر بىلەن خەلق مەيدانىدا كۆرۈشىدىغان بولغان. بىزنىڭ خەلق مەيدانىنى تاللىشىمىزدىكى سەۋەپ ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت باش ئورگىنى شۇ يەرگە جايلاشقان ئىدى.

6. مەن يەن-ئەن يولى گۇرۇپپىسى بىلەن بىللە مېڭىۋاتاتتىم. بىز چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا نەنمېن مەيدانىغا يېتىپ بارغاندا ، بىر گۇرۇپپا ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندۇق ، ئۇلار 3 رەتكە تىزىلغان ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قاتاردا بەش كامېرا بار. بىز ئۇ يەردە توسۇلۇپ قالدۇق ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدۇق. قولىمىزدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بايرىقى بىلەن بىللە بىر قىسىم پىلاكاتلار بار بولۇپ ، بىزنىڭ تىنچ نامايىش قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ۋە زوراۋانلىق خاھىشىنىڭ يوقلىقىنى ئىپادىلىگەن ئىدۇق. بىز كوچىدا جىمجىت ئولتۇردۇق. بۇ ئارىلىقتا مەن تېلېفوننى چىقىرىپ باشقا نامايىش گۇرۇپپىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارغا ئەھۋالىمىزنى ئۇقتۇردۇم. ئەمما، سىگنال ئىنتايىن تۇراقسىز ئىدى ، مەن ئۇنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئوخشاش ئۇچۇرنى 10 قېتىم ئەۋەتىشىم كېرەك ئىدى ، تېلېفون بىر نەچچە قېتىمدىن كېيىن ئاندىن ئۇلىناتتى. بۇ پەيتتە ، بىر قىسىم قارا رەڭلىك كىيىم كىيگەن ئەرلەر ۋە پۇقراچە كىيىنگەن ساقچىلار ئارىمىزغا كىردى. سائەت 5 دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە ، ئۇلار تۆمۈر كالتەكلىرىنى چىقىرىپ كىشىلەرنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار مەقسەتلىك ھالدا پىلاكات تۇتقان، رەسىم تارتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇلارنىڭ تايىقىدىن ساقلىنىشقا تەلپىم كەلمىدى ، كەينىمدىن بېشىمغا ئۇردى ، بېشىم دەرھال قانىدى ، ۋەزىيەت قالايمىقان. بەزى ئوقۇغۇچىلار يول بويىغا يۈگۈرۈشكە باشلىدى ، كوچىدىكى كىشىلەر بۇ ئەھۋالغا شاھىت بولدى ، نامايىش زوراۋانلىققا ئايلاندى.

7. بېشىم زەخىملىنىپ ، داۋاملىق قان ئېقىۋاتىدۇ ، مەن توقۇنۇشنىڭ كۈچىيىشىنى توسماقچى بولدۇم ، قولۇم بىلەن بېشىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ كىشىلەر توپىغا يۈگۈردۈم. بۇ پەيتتە ، مەن بىر قانچە ساقچى تەرىپىدىن «ساقچى» دەپ يېزىلغان چوڭ بىر ماشىنىغا چىقىشقا چاقىرىلدىم. راستىنى ئېيتسام ، ئۇ ۋاقىتتا ساددا ئىدىم ، ھېچقانداق جىنايەت سادىر قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىخەتەر دەپ ئويلىدىم. مەن قانۇن ئۆگەنگەن ، ئاساسىي قانۇننىڭ كۈچى بىلەن ئادالەتنى قوغدىيالايدىغانلىقىمغا

ئشىنەتتىم. مەن بۇ مىنبۇسنىڭ مېنى دوزاخقا ئېلىپ كىرىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم ، ئۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇنتۇلغۇسىز ۋە قورقۇنچلۇق ئەسلىمىلەرنى بەردى.

8. ئاپتوبۇس ئادەملەر بىلەن لىق تولغان ، نۇرغۇن كىشىلەر كىشەنلەنگەن ئىدى. بىزدىن بېشىمىزنى تۈتۈپ ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىزنى داۋان رايونىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئالاھىدە ساقچى مەشىق بازىسىغا ئېلىپ باردى. ساقچىلار ئاپتوبۇستا ئىسمىمىزنى خاتىرلىدى. بىزنىڭ كىملىك ، كەمەر ، ھەميان ، يان تېلېفون ، سائەت ، ئاياغ، مېنىڭ كۆزەينەكىم ۋە باشقا بۇيۇملارنى ئېلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىزدىن مەشىق بازىسىنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىغا بېرىپ يەردە يېتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى.

9. ئۆرۈمچىدە كۈندۈزى ئۇزۇن بولىدۇ ، سائەتنى ساقچى ئېلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋاقىتنى بىلەلمىدىم. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ، مەن پارتىلاشنى ئاڭلىدىم ، ئاندىن ، بىرەيلەننىڭ تېلېفوندا پاراڭلاشقانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە: «مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېرورچى ، پەقەت ئۇلارغا تېرورچىدەك مۇئامىلە قىلىڭلار» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ، مەن ئاپتومات ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. بىز يەنىلا يەردە ياتاتتۇق ، بۇيرۇقتىن كېيىن ، ساقچىلار بىزنى سۇلياۋ كالتەك بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن ، بىز باشقا ئاپتوبۇسقا ئېلىپ چىقىلدۇق ، بېشىمىزدا قارا خالتا ، قوللىرىمىزدا كىشەن بار ئىدى. ساقچىلار بىزنى كوچىدا كۆرۈلۈپ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن بېشىمىزنى تۆۋەنلىتىشكە مەجبۇر قىلدى ، قارىغانلار يەنە تاياق يېدى.

10. بىز لىيۇ داۋ ۋەن تۈتۈپ تۇرۇش ئورنىغا كەلدۇق. كەلگەندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ چىقىرىغان ، يىغلىغان ۋە ۋاقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، بەك قورقۇنچلۇق ئىدى. بۇ پەيتتە ، مەن يەنە بىرەيلەننىڭ تېلېفوندا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم ، ئۇ لىيۇ داۋ ۋەن تۈتۈپ تۇرۇش ئورنىنىڭ تولغانلىقىنى ، بىزنى تەڭرىتاغ رايونلۇق تۈتۈپ تۇرۇش ئورنىغا يۆتكەش كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

11. بىز تەڭرىتاغ رايونلۇق تۈتۈپ تۇرۇش ئورنىغا كەلدۇق. ئۇلار بىزنى بىر-بىرلەپ ساناپ ، ئىچىگە ئېلىپ كىردى. مەن 4 رەت قوراللىق ساقچىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا تىكەنلىك كالتەك بار ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ كىشەنلىرىمىزنى ئېلىۋېتىپ بىزنى ئۇرۇشقا باشلىدى ، كالتەكلەردە نۇرغۇن تىكەنلەر بار ئىدى ، ئۇلار مېنى ئۇرغاندا ، تىكەنلەر تېرەمنى تېشىپ ئۆتەتتى. ئارىمىزدا بىر كىچىك بالا بار ئىدى ، كىشەن ئۇنىڭ بىلەك سۆڭىكىگە كىرىپ قالغان بولۇپ، چىقمىدى، قوللىرى قانايتتى. تۈرمە دوختۇرى ئۇنى تەكشۈرگىلى كېلىپ ، ھايات قېلىش ئۈچۈن چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن ، بىر تۈرمە ساقچىسى كېلىپ زەنجىرلىك ھەرە بىلەن بالىنىڭ قولىنى كېسىۋەتتى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق كىلىنىكىلىق ناركوز قىلىنمىدى.

12. تۆرمە ساقچىلىرى بىزنى چوڭ زالغا ئېلىپ كىردى. بىزدىن رەتكە تىزىلىشنى ۋە كىيىملىرىمىزنى سېلىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. ئەر-ئايال بار ، ھەممىمىز يالىڭاچ. بىزدىن جىمجىت تۇرۇش تەلەپ قىلىندى، سەل مىدىرلاپ كەتكەنلەر ئۆلگىدەك تاياق يېدى. بىر ئازدىن كېيىن، تۆرمە ساقچىلىرى ئەر-ئايالنى ئايرىدى، بىزگە كىيىدىغان كىيىملەرنى بەردى، مەن ئىشلىتىلگەن سېسىق پۇرايدىغان ئىچ كىيىمگە ئېرىشتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلار مېنى باشقا ئۆيگە ئېلىپ باردى. مەن ئۆيگە كىرىشىمگىلا 20 دەك ئادەم مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتا ، پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇلۇپ قارا بولۇپ كەتكەن ئىدى. مېنىڭ بېشىم ، بېلىكىم ، يوتام ۋە تىزىم توختىماي قانايتتى. بىر ئازدىن كېيىن ، ئۇلار ئىچكى ئەزالارنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ماڭا سوغۇق سۇ قۇيدى. بىر نەچچە كۈنگىچە، ئۇلار سېمونت يەرگە سۇ چېچىپ ، قولىمىزنى بېشىمىزغا ئوراپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. بىر قېتىم قولىمىزنى چۈشۈرسەك ، بىر توپ كىشىلەر كېلىپ ئۇراتتى. بىز ھەر كۈنى خەۋەر تارقىتىش پروگراممىسى باشلانغاندا ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن تاياق يەيتتۇق.

13. 15-كۈنى ، مەن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنىغا يۆتكەلدىم. بىزگە كۈنىگە پەقەت 1 ۋاق تاماق بېرىلدى. تاماقتىن بۇرۇن كوممۇنىست ناخشىسىنى ئېيتىشىمىز كېرەك، بولمىسا بىزگە يېمەكلىك بېرىلمەيدۇ. بىز خىتاينىڭ مىللىي سىياسىتى توغرىسىدىكى بىر قىسىم شۇئارلارنى ۋە بىر يۈرۈش تۆرمىلەرنى باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى ، بىز ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە كەچتە تۆرمە ساقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تاياق يېدۇق.

14. مەن بىڭتۈەننىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا بىر ھەپتە ئەتراپىدا تۇردۇم. ئاندىن شىسەن قايتا تەربىيلەش مەركىزىگە يۆتكەلدىم. ئۇ يەر ئاستى ئۆيى بولۇپ ، قۇياش نۇرى يوق ئىدى. بىز 20 ئادەم كىچىك كامېردا تۇراتتۇق. ھەر بىرىمىزگە ئۈچ خىل چېلەك بېرىلدى. بىرى سۇ بىلەن تولغان، قالغان ئىككىسى چوڭ تەرەت ۋە سۈيدۈك ئۈچۈن ئىدى. سوراق جەريانىدا بىزنى دائىم قىينايتتى. بىزنى تېرورچىلارغا ئوخشىتىش ئۈچۈن ، بىزگە بىر نەچچە ئاي چاچ ياسىتىش ياكى يۇيۇنۇش رۇخسىتى بېرىلمىدى. ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم بەدىنىمدە پىت پەيدا بولدى. تۆرمە ساقچىلىرى بىزنى سۈرەتكە تارتتى ، بۇ رەسىملەر كېيىن ئۇيغۇر تېرورلۇقنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەۋەتىلدى. بىزگە ھەر كۈنى ئىسسىق سۇ تېتىيدىغان شورپا بىلەن موما بېرەتتى. مەن قويۇپ بېرىلگەندە 20 كىلوگىرام ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدىم.

15. بۇلار مېنىڭ ئويلىسام بەك قورقۇنچلۇق ھېس قىلىدىغان 5-ئىيۇلدىكى كەچۈرمىشلىرىم. 9-ئاينىڭ 9-كۈنى ، مەن «گۇناھسىز» دېگەن ھۆكۈم بىلەن قويۇپ بېرىلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ، مەن مەھەللە، تارماق رايوندىكى ئىشخانا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قايتا-قايتا پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدىم. ھەر ھەپتە ئىز-دېرىكىمنى دوكلات قىلىشىم كېرەك ئىدى. ھەر ئايدا بىر پىكىر دوكلاتىنى يوللايمەن. مەن ئۇرۇمچى شەھرىدىن چىقىش

ئۆچۈن ئوخشىمىغان ئورگانلارنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشىم كېرەك ئىدى. گەرچە مەن «گۇناھسىز» ھۆكۈم بىلەن قويۇپ بېرىلگەن بولساممۇ ، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا خىزمەت تېپىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بارلىق ئىشقا ئالىدىغان ئورۇنلارغا گۇناھسىزلىق ۋە ئارقا كۆرۈنۈش تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى. مەن بۇ ھۆججەتلەرنى ھەرگىز ئالالمىدىم ، خادىملار ئادەتتە ماڭا سوغۇق كۆز ۋە سەت گەپلەر بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇ كەچۈرمىشلەر ھاياتىمغا مۆلچەرلىگۈسىز پسىخولوگىيىلىك سايە ئېلىپ كەلدى.

16. نېمىلا دېگەن بىلەن، مەن شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشنى قارار قىلدىم ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ يىۋۇ شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ، خەلقئارا سودا ۋە پۇل-مۇئامىلە بىلەن شۇغۇللاندىم. 2013-يىلى 1-ئاينىڭ 19-كۈنى ، مەن ئۇرۇمچىدە ئەڭ چوڭ خەير-ساخاۋەت ئورگىنىنى قۇردۇم ، ئۇنىڭ ئىسمى «مۇھەببەتنى ئۆگىنىش ۋە سۆيۈلۈش» ئىدى. 2014 -يىلى 2-ئايدا ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى خوتەن شەھىرىدە يەر تەۋرىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەن خەير-ساخاۋەت ئورگىنىمىزغا ۋەكىللىك قىلىپ ئىئانە قىلدىم. بەختكە قارشى ، مەن يەنە يەرلىك دائىرىلەرنىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ قالدىم. مەن ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۇرۇمچىدىكى 6-دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ كېلىندىم. ئەمەلدارلار ناھايىتى تېزلا خەير-ساخاۋەت مەبلىغىنىڭ مەنبەسى ، خەير-ساخاۋەت ئەزالىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە مېنىڭ شەخسىي ئىقتىسادىم توغرىسىدىكى سوئاللارنى سورايتتى. گۇرۇپپىمىز زۆرۈر تەرتىپ ۋە قانۇنىي ھۆججەتلەرنى تاماملىغان بولسىمۇ ، يەرلىك دائىرىلەر يەنىلا ئورگىنىمىزنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى ، چۈنكى ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى ياقتۇرمايتتى.

17. 2014-يىلى 7-ئايغىچە ، «مۇھەببەتنى ئۆگىنىش ۋە سۆيۈلۈش» خەير-ساخاۋەت ئورگىنى 2 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇق ئەزا يىغقان ، تەخمىنەن% 87 ئەزا ئۇيغۇرلار ، قالغانلىرى خەن ، قازاق ، خۇي ، قىرغىز قاتارلىق باشقا مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. 2014-يىلى 31- ئۆكتەبىردە ، مەن خىتايدىن ئايرىلىپ، ئامېرىكىنىڭ لوس ئانگېلېسقا كەلدىم.

**مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بىتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.**

**ئىمزا:**

**ۋاقىت:**